ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

—— شىنجاڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنىۋېرسال بايان

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا

ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى قاراش ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىدىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرىكەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈردى. مەسىلىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئەمەلىي تەدبىر ئويلاپ، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ئامما ئەندىشە قىلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى.

■ ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، مۇلازىمەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تەكشۈرۈپ تېپىش

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «مەن كىم، كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىمەن»دىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى دەل تېپىپ، ئەمەلىي تېپىپ، مەسىلە تىزىملىكىنى بىر - بىرلەپ يېزىپ چىقىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆز تارمىقى، ئورنىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىزدىدى.

«يېقىندا مەن ھەيدەش كىنىشكىسى ئېلىش ئىمتىھانىغا تىزىملاتماقچى بولغانىدا، بەزى شوپۇرلۇق مەكتەپلىرىنىڭ كۇرسانتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باھا جېڭى قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» «شەھەرلەر ئارا بىرلەشمە ترانسپورت ئىشقا ئاشۇرۇلغاچقا، مەن نۇرباغ يولۇچىلار بېكىتىدە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ مايتاغقا قايتىپ كېلەلەيدىغان بولدۇم، سىلەرگە ئالقىش ياغدۇرىمەن!». باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى تور بېكىتىدە تەسىس قىلىنغان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە ئەلرايىنى توپلاش ئىستونىدا، تورداشلار ئۈزلۈكسىز ئۆزىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى قالدۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنى تەكلىپ قىلىش، يولۇچى توشۇش بېكىتى، شوپۇر تەربىيەلەش كارخانىلىرىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، چوڭقۇر قېزىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئەمەلىي تېپىش، ئىنچىكە تېپىش ئارقىلىق ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى.

71 ئورۇنغا يازما پىكىر - تەكلىپ ئېلىش ئالاقىسى ئەۋەتتى؛ «12348» شىنجاڭ قانۇن تورىدا تور پىكىر سۈپىسى ئاچتى؛ 11 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە)لەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش، دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى... باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، ئوچۇق - ئاشكارا تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈش - كۆزىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى دەل تېپىپ، ئەمەلىي تېپىپ، تولۇق تېپىپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دۇمان سالىك ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ پىكىر ئېلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پىكىر بايان قىلىش يولىنى كەڭ ئېچىپ، مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان جاسارەت ۋە ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىي تېپىپ، تۈزىتىشنىڭ دەل جايىدا بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ».

■ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشتە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق، كۈچنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىش، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇمشاق قوللۇق قىلماي، كۈچنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، مەركەز ئايدىڭلاشتۇرغان سەككىز جەھەتتىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئايدىڭلاشتۇرغان ئىككى جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزەشنى چىڭ كۆزلەپ، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى «ھەقىقىي، ئەمەلىي» ھەل قىلدى.

«بۇ يىللىق ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ياردەم پۇل مەبلىغى قولىمىزغا تەگدىمۇ؟ مەركەزنىڭ قانچىلىك ياردەم پۇل بەرگەنلىكىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ قانچىلىك ياردەم پۇل بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟» 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى سۈپەت بىخەتەرلىكىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ بازىرى بايتوقاي كەنتىگە كېلىپ، كەنت ئاھالىسى چىنارباۋۇدۇن ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى، ھازىرغا قەدەر، ھەرقايسى جايلاردا يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ساھەسىدە جەمئىي بايقالغان مەسىلە 2301 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىمەسلىك مەسىلىسى 2049، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈش مەسىلىسى 52، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش مەسىلىسى 200. ھازىر ھەممىسى تۈزىتىلىپ بولدى.

«2019 - يىلى، بىز پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 200 مىڭ 900 ئائىلىلىك يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى، بولۇپمۇ 9355 ئائىلىلىك يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى كەنت - بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گاۋ فېڭ.

يېقىندا، ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى مىيارگۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇقىيت باقان ناھىيەدىكى تازىلىق شارائىتى «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار»، قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كىچىك كارخانىلارنىڭ كەينى - كەينىدىن تاقالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تازىلىقى ياخشى قۇرۇت ئىشلەپچىقىرىش كىچىك كارخانىسىنىڭ تىجارىتىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى يېمەكلىك، دورا بىخەتەرلىكىگە ئائىت گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، جۇڭگو تېبابىتى ئۇششاق توغرالغان دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش سۈپەت بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ۋە دورا پارچە سېتىش كارخانىلىرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى دورىشۇناسنىڭ «گۇۋاھنامە ئېسىش» قىلمىشىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەتتى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر، يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرى، گۇۋاھنامىسى، كىنىشكىسى بولمىغان تىجارەتچىلەر، مەكتەپ ئەتراپىدىكى كوچىمە يايمىلاردىن 523نى تازىلىدى، ئەمەلدىن قالدۇردى، يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرىدىن 58نى دېبلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

■ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشنى ياخشى بېجىرىپ، ئاممىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىر يۈرۈش ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق، ھەربىر «ئاما ئەندىشە قىلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان ئىشلار»نىڭ «مەسىلە تىزىملىكى»نى بىر - بىرلەپ «مۇلازىمەت تىزىملىكى»گە ئايلاندۇردى، ئەڭ ئاخىرىدا «رازى بولۇش تىزىملىكى»گە ئايلاندۇردى.

يېقىندا، قۇتۇبى ناھىيەسى ئاھالىسى جاڭ يىلەن بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ نوپۇسىنى قۇتۇبى ناھىيەسىدىن سانجى شەھىرىگە يۆتكىمەكچى بولدى. ئۇ ئىلگىرى نوپۇس يۆتكەش كەسپىنى بېجىرگەندە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ كۆزنەكتە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېجىرىدىغانلىقى ھەم 20 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىنىدىغانلىقى، كەسىپ بېجىرىشنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. «مەن ئەتىگەندىلا مۇلازىمەت كۆزنىكىگە بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇردۇم، خىزمەتچى خادىم ماڭا توردا بېجىرسە تېخىمۇ تېز بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ يان تېلېفون ئارقىلىق ئىلتىماس سۇندۇم، يەتتە خىزمەت كۈنى بولمايلا، يېڭى نوپۇس دەپتىرى ئۆيۈمگە ئەۋەتىپ بېرىلدى» دېدى جاڭ يىلەن.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئېلان قىلغان 40 تۈرلۈك «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» مۇلازىمەت ئىش تۈرى نوپۇس، مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىق ئاما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە دىققەت قىلىۋاتقان كەسىپلەر ساھەسىنى قاپلىغان بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈم ئېففېكتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇردى، ئاما ئاز قاترايدىغان، قاترىمايمۇ ئىش بېجىرەلەيدىغان بولدى.

«دورا يازدۇرۇپ باقمىغان كىشىلەر بىزنىڭ ئازابىمىزنى چۈشەنمەيدۇ، بولۇپمۇ ھاۋا سوغۇق، يول تېيىلغاق ۋاقىتلاردا. كېيىنكى ئايدىن باشلاپ، مەن ئەمدى ھەر ھەپتىدە دوختۇرخانىغا قاترىماسامۇ بولىدىغان بولدى، بىر قېتىمدا ئىككى ئايلىق دورا يازدۇرغىلى بولىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىز سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇش خەۋەر!» دېدى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يۇقىرى قان بېسىمى، قەنت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان دىلشات مەمەت خۇشال ھالدا.

ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە دورا يېزىپ بېرىش مۇددىتى قىسقا بولۇش، تېببىي تەكشۈرۈش - ئانالىز نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلماسلىق، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىشتا چوڭ رېتسېپ يېزىش، قالايمىقان تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - ساقلىق سىستېمىسى «داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارا تېببىي ئانالىز نەتىجىسى ۋە تېببىي سۈرەت ئۇلترا ئاۋاز كېسەل تەكشۈرۈش ماتېرىيالى (ماتېرىيال)نى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئۇزاق مۇددەتلىك رېتسېپ يېزىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق يەتتە ھۆججەت تۈزۈپ، ئەمەلىي تەدبىر چىقىرىپ ئاممىنىڭ «كېسەل كۆرسىتىشى تەس» «كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت» بولۇشىنى پەسەيتتى.

باش تېما تەربىيەسىنىڭ تاۋلىشىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ ھالدا خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش بېجىرىپ، خەلق ئاممىسىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

كۆرەش قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۆرەش قىلىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

بولۇپمۇ ياش كادىرلارنىڭ كۆرەش قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشى، كۆرەش قىلىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، بىزنى كۆرەش قىلىش ماھارىتىمىزنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشىمىز ئۈچۈن چوڭقۇر بىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيەمىز بېكىتكەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جاسارەت بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، قارىغۇلارچە، قارامىلىق بىلەن ئىش قىلغاندا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. قانۇنىيەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش پارتىيەمىزنىڭ خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشى، تۈرتكە بولۇشىدىكى غەلىبە ئەتكۈچتەرى، شۇنداقلا كۆرەش قىلىش ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزنىڭ مۇھىم يولى. بۇ بىزدىن تۈرلۈك مۇھىم، زور كۆرەشلەردە، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىش بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى، ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن تاكتىكىدا كەسكىن بولۇشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى، كۆرەش قىلىش جەريانى بىلەن كۆرەش قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئۇرۇشقا ماھىر كىشىلەر ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرىدۇ.» چوڭ ۋەزىيەت ۋە چوڭ يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەش ئەزەلدىن كۆرەشتە غەلىبە قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەشتە قىسمەنلىككە قاراش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەرىكەت قوللىنىشنى ھەم تېز، ھەم دەل بولۇش، كۆرەش قىلىش مۇساپىسىنى توغرا ئىگىلەپ، تەدبىر چىقىرىش پۇرسىتىگە ھۆكۈم قىلىش، نىشان مەركىزىنى توغرا تېپىپ، بىر زەربە بىلەن دەل جايىغا تەگكۈزۈش كېرەك.

كۆرەش قىلىشنىڭ قائىدىسى، ئۇسۇلى بار، بۇ نوچىلىق قىلىپ بەسلىشىش، باتۇرلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن قارامىلىق بىلەن ئېلىشىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا تاكتىكا، ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش، كۆرەش قىلىش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇش، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى تۇتۇش كۆرەش قىلىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. كۆرەش قىلىشتا داۋاملىق، پايدىلىق، رىتىملىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆرەش قىلىش شەكلىنى مۇۋاپىق تاللاپ، كۆرەش قىلىش دەرىجىسىنى ئىگىلەپ، پرىنسىپلىق مەسىلىدە قىلچە يول قويماي، تاكتىكا مەسىلىسىدە جانلىق، ھەرىكەتچان بولۇش كېرەك. ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ئىگىلەپ، كۆرەش تاكتىكىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەش كېرەك. ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ھەمكارلىقنى كۆزلەپ، كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئورتاق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى لۇشيەندە مەڭگۈ چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا كۆرەش داۋامىدا ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرگۈزۈپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرغۇزۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك.

كۆرەش قىلىش روھى، كۆرەش قىلىش ماھارىتى تۇغما بولمايدۇ، پارتىيە ئىستاژىنىڭ ئېشىشى، ۋەزىپىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەبىئىي ئۆسمەيدۇ. رەھبىرىي كادىرلار قاتتىق بولغان ئىدىيەدە تاۋلىنىش، سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا بەرداشلىق بېرىشى، مۇرەككەپ، كەسكىن كۆرەشتە بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلىنى رۇسلاپ، ھەقىقىي تاۋلىنىپ، ھەقىقىي خىسلىتىنى ساقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى چۆشىنىپ ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلىشى كېرەك، نەزەرىيەدە سەگەك بولغاندىلا، سىياسىيدا ئاندىن قەتئىي بولغىلى بولىدۇ، كۆرەش قىلغاندا ئاندىن جاسارەت بولىدۇ، ئاندىن كۈچ بولىدۇ. مۇھىم، زور كۆرەشلەردە چېنىقىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قىيىنچىلىق قانچىكى زور، زىددىيەت قانچىكى كۆپ جايدا، ۋەزىيەت قانچىكى كەسكىن، ئەھۋال قانچىكى مۇرەككەپ بولغان ۋاقىتتا، جاسارەتنى شۇنچە ئۇرغۇتۇپ، ئىرادىنى شۇنچە چېنىقتۇرۇپ، قابىلىيەتنى شۇنچە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. تۈرلۈك كۆرەشلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىپ، «بوران - چاپقۇن»لارنى كۆپرەك باشتىن كەچۈرۈپ، «قول تۇتىدىغان مەسىلە»لەرگە كۆپرەك تۇتۇش قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم «قىزىق قازاندىكى چۆمۈلە» بولغاندا، ئاندىن جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش روھىنى ئۈزلۈكسىز تاۋلىغىلى، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ئۇلۇغ كۆرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش، زور تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاممىۋى ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، قارا، رەزىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش... رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆرەش بەك يىراق ئەمەس، كۆرەش يېنىدىلا. پەي - قاناتنى ئاسرايدىغان «ئېسىلزادە»لەردىن بولماي، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۆرەش قىلىشقا ماھىر جەڭچىلەردىن بولۇپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئۆز خىزمەت ئورنىمىزدا، ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، بىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)

---

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تۇتۇش جايىدا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىپ، پايدىلىنىپ، ئۈزۈل - كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ كېلىدىغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

پىكىرگە ئاساسەن، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى 2019 - يىلى 9 - ئايدا باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىدۇ. ئاساسلىقى، مەركەز باشقۇرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا ئالىي مەكتەپلەر، شەھەر، ناھىيە ئورگانلىرى ھەم ئۇلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، يېزا - بازارلار، كوچا باشقارمىسى ۋە كەنتلەر، مەھەللىلەر، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشمىغان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئەۋەتكەن ئاپپاراتلىرى ۋە شۆبە - تارماق ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پىكىردە مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەينەن ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، نەزەرىيە ئارقىلىق بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ھەم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئىدىيەدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭ ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتا تەۋرەنمەسلىك، ھەم ئاممىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئەمەلىي مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالدىن ئۆگىنىپ - ئالدىن ئۆزگەرتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيەسىگە ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى تارىخنى ئۇنتۇماسلىققا، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىققا يېتەكلەپ، باشتىن - ئاخىر كۆرەش قىلىش روھى ۋە ئىنقىلاب روھىنى ساقلاپ، كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۆرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەر خىل جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

پىكىردە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك. دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى زىچ چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورگانىك يۇغۇرۇش، باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. يۇقىرى - تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇپ مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، مەركەزنىڭ باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ««ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىدە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە تۈرلۈك مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويۇش لايىھەسى بويىچە، مەخسۇس تۈزەشنى ئىككى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە تۇتاشتۇرۇپ، سىجىل ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك.

پىكىردە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيەسى ۋە تەكشۈرۈش - كۆزىتىشى، تۈزىتىشنى ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە شۇ بويىچە يولغا قويغان رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىن باشقا پارتىيە ئەزالىرى باش تېما تەربىيەسىگە قاتنىشىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش - تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيەنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى شەخسلەر ئۆزى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلارنى ئەينەن تولۇق ئوقۇپ چىقىش، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەۋىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىشتا تەشكىللەش كېرەك. ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تۈزىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتى ۋە مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقىغا سېلىشتۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پاك - تەلەپچان بولۇش مىزانى» «يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزان» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»غا سېلىشتۇرۇپ، ئامما ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر - تەكلىپلەر قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىق ئېڭى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى ماددىمۇماددا تىزىپ چىقىپ، تۈرمۇتۈر دەل جايىدا تۈزىتىشكە تەشكىللەش كېرەك. شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسى قاتارلىق ھازىر بار بولغان پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش ۋاسىتە سۈپىتىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا، جانلىق، يېڭى، كۆپچىلىك ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، دېبلو مىسالى تەربىيەسى، ئاممىۋى ئۈندىدار نومۇرى، مىكرو سىن قاتارلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسى ئاخىرلاشقاندىن بۇرۇن، پارتىيە ياچېيكىلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىسىدىكى بىر قېتىملىق مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

پىكىردە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: دەرىجە، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى چېتىلىدىغان ئورۇنلار ۋە خادىملارنىڭ دائىرىسى كەڭ، تىپى كۆپ، مىقدارى زور، ئەھۋالى مۇرەككەپ. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام - دەرىجە، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەشكىللەش - يېتەكلەش شەكلىنى ياخشىلاپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش كېرەك.

پىكىردە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، شەھەر)لىك پارتكوملار ئۆز رايونىنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدىكى باش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پىلانلاش - يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، جايىدا، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. شەھەرلىك، ناھىيەلىك پارتكوملار باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇشتىكى ئاچقۇچلۇق قاتلام - دەرىجە بولۇپ ھەم ئۆزىنى تۇتۇشى، ھەم ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇشى، يەنە يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ تۈزىتىش ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈستىگە ئېلىشى، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، تەشكىللەش، يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۇتۇپ، بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.